## 106526 ـ تەراۋىھ نامىزىدا ئاجىز، بىمار، ياشانغان قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

ئىمامنىڭ تەراۋىھ نامىزىدا ئاجىز، بىمار، ياشانغانلارنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇنداق قىلىش تەراۋىھ نامىزى ۋە باشقا پەرز نامازلارنىڭ ھەممىسىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولساڭلار، نامازنى يەڭگىل ئوقۇسۇن چۈنكى جامائەتنىڭ ئارىسىدا، ئاجىز،ياشانغان، ھاجەتمەنلەر ۋە كىچىك بالىلار بار». ئىمام جامائەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىشى، رامىزاندا تەراۋىھ ۋە ئاخىرقى ئون كۈندىكى تەھەججۇت نامازلىرىدا ئۇلارغا كۆيۈنۈشى كېرەك. چۈنكى جامائەت ئارىسىدىكى كىشىلەر ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى تەراۋىھ نامىزىغا كېلىشكە قىزىقتۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئىمام جامائەتكە ئېغىر كېلىدىغان ھالەتتە قىيام، رۇكۇ، سەجدىلەرنى ئۇزۇن قىلىۋەتسە، ئۇلارنى نامازغا كېلىشتىن ئۈركۈتۈپ قويسا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى نامازغا رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇرۇن كېلىشكە قىزىقتۇرۇپ، بەك ئۇزۇن قىلىۋەتمىسىمۇ بىرئاز قىسقىراق ئوقۇشى لازىم. كىشىلەر نامازنى خۇزۇ ـ خۇشۇ بىلەن، ئارامدىللىق بىلەن ئوقۇيدۇ، بۇ شەكىلدە ئازراق ئوقۇلغان ناماز (رەكەت سانىدا) خۇزۇ ـ خۇشۇ بولمىغان، كىشىلەردە خوش ياقماسلىق، ھورۇنلۇق ۋە زېرىكىش پەيدا قىلغان (كۆپ ئوقۇلغان) نامازدىن ياخشىدۇر.